# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 12 - ئاي
2
دۈشەنبە
维吾尔文 12 月2日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24897 - سان بۈگۈن 4 بەت


# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «چاڭجياڭ دېلىتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانى تېزىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «چاڭجياڭ دېلىتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانى تېزىسى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«يىرىك پىلان تېزىسى»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، چاڭجياڭ دېلىتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز

□گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، شىنجاڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

يېقىندا شىنجاڭ گېزىتخانىسى تاللاپ ئەۋەتكەن پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىدىن تەركىب تاپقان تۆت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 12 ناھىيە، شەھەرگە بۆلۈنۈپ بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مەيلى قەيەرگە بارسۇن، مۇخبىرلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئاڭلىغىنى «ھەر كۈنى كۈچۈم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ» «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىمىز بار» دېگەن مەردانە سۆزلەر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇردى، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى.

مۇخبىرلار كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوغۇساق بازىرى تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتىدىكى دېھقانلار ئارامگاھىدا دېھقانلارنىڭ جاي - جايلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى خۇشال كۈتۈۋالغانلىقىنى؛ يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قۇمۇشئېرىق يېزىسى قۇمۇشئېرىق كەنتىدە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ياشلارنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا قىلىپ بېيىش يولىغا مېڭىشىغا يار - يۆلەك بولغانلىقىنى؛ خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسى شاق مەھەللە كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ خاس كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسەتكەنلىكىنى؛ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش - ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشۋاتقان كادىرلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجېن كارخانىلىرىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلغانلىقىنى كۆردى... قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بۇ كۆرۈنۈشلەر، پەلەككە يەتكەن غەيرەت - جاسارەت دەل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئىشەنچىنى، كۈچىنى نامايان قىلدى.

ئىشەنچ پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن كەلگەن. باش شۇجى شى جىنپىڭ: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىر تۈرلۈك تارىخىي خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى، دەپ تەكىتلىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى قەتئىي ئىرادە پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلماقتا. 2014 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شىنجاڭ جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 2131 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چىقىرىش، 13 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاتقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئارقىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلىشىشى بار. مۇخبىرلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، مەيلى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەشكىللەش، تەرتىپلىك يېتەكچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا بولسۇن ياكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشتا بولسۇن، ھەممىسىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەزالىرىنىڭ ئالدىراش سىيماسىنى كۆردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# قاناش راۋانلاشتى سەپەر تېزلەشتى

## —— ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى ئۈنۈپېرسال بايان

□مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

يېقىندا، S21 ئالتاي - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلاندى. تۈر پۈتكەندىن كېيىن، ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشتە ئايلىنىپ يول يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، بۇ، ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن ئۈرۈمچىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر قولايلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بولۇپ قالىدۇ.

بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتقانلىقىنىڭ بىر ئىخچام كارتىنىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشنى تېزلىتىش» نىشانى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭغا كىرىدىغان، شىنجاڭدىن چىقىدىغان تۆمۈر يول، تاشيول چوڭ قاناللىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىخچام قولايلىق بولغان ئىستېرېئولۇق قاتناش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

### ■قاتناش چوڭ قۇرۇلۇشى ساياھەتكە چىقىشنى ئىخچام قولايلاشتۇردى

ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، قاتناشنى جەزمەن ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

G7 بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى ياساش، G30 لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول ئومۇمىي مۇساپىسى 189 مىڭ كىلومېتىر(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول 4800 كىلومېتىر بولۇپ، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويىدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز تاشيول تورىنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىق كۆپلىگەن يول قۇرۇلۇشى تۈردە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى، بىخەتەر كۆپەيگەن يۇقىرى سۈرئەتلىك (بىرىنچى دەرىجىلىك) يول جەمئىي 917 كىلومېتىرغا، ئىككىنچى دەرىجىلىك يول 376 كىلومېتىرغا يەتتى.

شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشمۇ ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلدى. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋىلايەت(ئوبلاست) مەركىزى چۆچەك شەھرىگە پويىز قاتنىماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، ئۈرۈمچى - چۆچەك ئارىلىقىدا سەپەرگە چىقىشتا تاللاش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ كۆپەيدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



شىنجاڭ ياخشى جاي

سىياھ رەسىمدەك قاناس

قاناس مەنزىرە رايونىدىكى يۈلياگۋەن قاردىن كېيىن خۇددى بىر پارچە سىياھ رەسىمگە ئوخشاپ قالدى (11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). □مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى

# ھەربىر «تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆز»نىڭ ھەممىسنى مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكۈزۈش

## —— شىنجاڭدا ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش خاتىرىسى

□مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا

ئۈمىد قۇرۇلۇشى تىلغا ئېلىنسا، كۆپچىلىك دائىم ئىلگىرىكى تەشۋىقات ئېلانىدىكى مەكتەپتە ئوقۇشقا بولغان ئىنتىلىشكە تولغان ئاشۇ بىر جۈپ «تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆز»نى ئەسكە ئالىدۇ. 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈمىد قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، سانسىزلىغان نامرات ئائىلىنىڭ بالىلىرى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ غەمخورلۇقى، ياردىمىدە دەرسخانىلارغا كىردى.

1992 - يىلى 10 - ئايدا ئۈمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا ئەمەلىيلەشتى. ھازىرغىچە نامرات ئائىلىلەردىكى جەمئىي 100 مىڭدىن ئارتۇق بالىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

### ■ئۈچقۇن تارقىتىش ئۈمىدنى كۈچ ئۇلاپ يەتكۈزۈش

«بىر چوڭ كىگىز ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە 1 -، 2 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، يەنە بىر تەرىپىدە 3 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئولتۇراتتى. مۇئەللىم 1 -، 2 - يىللىقلارغا دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، 3 - يىللىقلارغا دەرس ئۆتەتتى. ھەر قېتىم يايلاق كۆچكەندە، مۇئەللىم كىگىز ئۆي ۋە ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاتقا ئارتىپ، كېيىنكى يەنە بىر جايغا يۆتكىلىپ دەرس ئۆتەتتى» دېدى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، تولى ناھىيەسىنىڭ ئۈت بازارلىق ياتاقلىق ئۈمىد مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئېربولات قادىرقان باللىق چاغلىرىدىكى مەكتەپتە ئوقۇش مەنزىرىسىنى ھازىرمۇ كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك ئېنىق ئەسكە ئېلىپ.

ئېربولاتنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاتا ئۇستىدىكى مەكتەپ پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقدىن 3 - يىللىقىغىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارنىلا قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا تولى ناھىيەسىدە تېخى ياتاقلىق مەكتەپ يوق ئىكەن، 3 - يىللىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن سىرتقا بېرىپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدىكەن، بەزى بالىلار 3 - يىللىقنى تۈگىتىپلا ئوقۇمايدىكەن. 1992 - يىلى 10 - ئايدا، ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ ياردىمىدە، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى تولى ناھىيەسىنىڭ ئۈت بازىرىدا قۇرۇلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# بايىنغولىن ئوبلاستىدا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى

## —— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

□مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جياڭ فېڭ

«مېنىڭ باقمىچىلىق ۋە ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشۇم، يىللىق كىرىمىمنىڭ 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىشى، نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق كرېدىت قەرز پۇلىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. كېلەر يىلى مەن باقمىچىلىق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى ئويلاۋاتىمەن» دېدى چاقىلىق ناھىيەسى ۋاششەرى بازىرى تاشساي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەخمەت رەجەپ 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا، ئەخمەت رەجەپكە ئوخشاش نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرغان دېھقانلار ئاز ئەمەس. ئۇلار يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاز سوممىلىق قەرز پۇلىنى ئالغاندىن كېيىن، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قوزغىتىش مەبلىغى بار بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىشەنچىسى ئاشتى.

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، جۇڭگو خەلق بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستى مەركىزىي تارماق بانكىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# مارىقىز گۈزەللىكنى «باش»تىن باشلىدى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، شيې خۇيبىيەن

11 - ئايدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاۋا سوۋۇپ كېتىدۇ، يەكەن ناھىيەسىنىڭ تومۇستەڭ بازىرى بەشتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مارىقىز يېڭى سېتىۋالغان تۆشتىلىق پەلتوسىنى كىيدى. ئاچ سېرىق رەڭلىك پەلتوغا سۇس رەڭلىك ئىشتان ۋە ئاق خۇرۇم ئۆتۈكنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىۋېدى، رەتلىك، سالاپەتلىك بولۇپ كەتتى.

مۇشۇ بىر قۇر كىيىمنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مارىقىز چېچىنى «چوڭ دولقۇن» چاچ پاسونىدا بۇدۇر قىلدى، يەنە بىرنەچچە تۇتام چېچىنى «كۆل رەڭ»دە تاللاپ بوياپ، ئۇنىڭغا پاسونلۇق تۈس بېرىدى. يولدا ماڭغاندا، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا زوقلىنىش نەزەرى بىلەن قارىشاتتى.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئايالدىن ئۆزىنىڭ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ۋە سەككىز خىزمەتچىسى بار بولغان ئىگىلىك تىكلىگۈچىگە ئايلانغۇچە، مارىقىز ئۆزگىچە مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

### ■ئالدىراش، مەنىلىك ئۆتكەن ئىگىلىك تىكلەش تۇرمۇشى

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 11دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، مارىقىز ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىچىدىكى سەرەمجانلار كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتاتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)